# ئىسلاھات يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمى ئارقىلىق، ئىسلاھات يېڭى ۋەزىيىتى يارىتىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىشقا تۈرتكە بولۇشقا ئىرادە باغلىدى.

## ■ سىستېمىلىق، بىر پۈتۈنلۈك، قايتا قۇرۇش خاراكتېرلىك بىر قېتىملىق ئۆزگىرىش

تېلېۋىزوردىن يىغىن خەۋىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، شاڭخەي شەھەرلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى جۇ لياڭگاۋ ناھايىتى ھاياجانلاندى.

«بىز ھەربىرىمىز ئاپپارات ئىسلاھاتىنى ئۆز بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگۈچىلەر، گۇۋاھچىلار، بۇنىڭ ‹ئەڭ قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىپ، ئەڭ مۇستەھكەم چېتىلاقنى بۇزۇش› ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر بىلىمىز». جۇ لياڭگاۋ چوڭقۇر تەسىرات بىلەن مۇنداق دېدى: بىر قاتار كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئائىت ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرىنىڭ تامامەن توغرىلىقىنى تولۇق ئىسپاتلىدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۈكسەك سىياسىي ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە جاسارىتى، مەسئۇلىيەتچانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى. «بۇ قېتىمقى ئىسلاھات مەلۇم بىر جەھەتتىكى ياماپ تۈزەپ قويۇشلا بولماي، بەلكى پۈتۈن ۋەزىيەتنى كۆزلەپ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغا سىلجىتقانلىق، ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن ھەممە تەرەپ ياخشىلىنىپ ۋە يۈكسىلىپ، مىسلىسىز چوڭقۇر ئۆزگىرىش ئىشقا ئاشتى.»

جۇڭگو خەلق داشۆسى ئاممىۋى باشقۇرۇش شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسورى ياڭ خۇڭشەنگە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئۇزاقتىن بۇيان ھەل قىلىشنى ئويلىغان بولساقمۇ ھەل قىلالمىغان كۆپلىگەن قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلدۇق، كۆپ يىللاردىن بۇيان راۋانلاشتۇرۇشنى ئويلىغان بولساقمۇ راۋانلاشتۇرالمىغان كۆپلىگەن تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى راۋانلاشتۇردۇق» دېگەن سۆزى ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى، ئىسلاھاتتا قولغا كەلتۈرۈلگەن تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى جەزمەن يېڭى دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىگە قويۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامدا تونۇپ ۋە ئىگىلەش كېرەك ئىكەن.

7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى شەنبە سەھەر، جياڭسۇ جېڭجياڭ شەھەرلىك پارتكوم يىغىن زالى. نۇقتىلىق قۇرۇلۇشنى پىلانلاش يىغىنىغا قاتنىشىدىغان كادىرلارنىڭ ھەممىسى ئالدىن تولۇق كېلىپ بولغانىدى.

«باش شۇجىنىڭ ‹پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ئۈنۈملۈك ئەمەلىيلەشتى› دېگەن سۆزىدىن بىز ناھايىتى روشەن تەسىراتقا ئىگە بولدۇق. ئاپپارات ئىسلاھاتىدىن كېيىن، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك قىلىش كۈچى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىجرا قىلىش كۈچى كۆرۈنەرلىك كۈچىيىپ، بۇيرۇقنى جەزمەن ئىجرا قىلىش، بۇيرۇققا قاتتىق ئەمەل قىلىش ھەقىقىي ئىشقا ئاشتى» دېدى مائارىپقا مەسئۇل بىر شەھەر رەھبىرى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ سۆزىدە تىلغا ئالغان «پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى تېخىمۇ راۋان، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولدى» دېگەن مەزمۇن كەڭ ئورتاق سادا پەيدا قىلدى.

جېجياڭ ئۆلكىلىك پارتكوم ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن مۇدىرى لى يەنىينىڭ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، ئۇ تۇرۇشلۇق ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتى ئىشخانىسى بۇ قېتىمقى ئىسلاھاتتا كۆپ تۈرلۈك ئىسلاھات فۇنكسىيەسىنى قوشۇۋېلىپ، «جېجياڭ ئۆلكىلىك ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش ئىسلاھاتى ئىشخانىسى» دېگەن يېڭى ۋەۋىسكىنى قوشۇپ ئاسقان. «ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا، كۆپچىلىك ئاپپاراتلار تەكرار بولۇش، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت گىرەلىشىپ كېتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغانلىقىنى، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات يۆنىلىشىنىڭ تېخىمۇ روشەن بولغانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇق» دېدى لى يەنىي.

## ■ چوڭقۇر سۇدىن كېچىپ ئۆتىدىغان، مەنپەئەتكە تېگىش قىلىدىغان، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزىدىغان بىر قېتىملىق ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش

ئاپپارات ئىسلاھاتى بىر مەيدان ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش.

شەندۇڭ ئۆلكىلىك تەبىئىي بايلىق نازارىتىنىڭ نازىرى لى خۇ مۇنداق قارىدى: «ئىسلاھات مەنپەئەتكە تېگىش قىلدۇ، لېكىن كەڭ ئورگان كادىرلىرى مۇھىم قائىدىنى تونۇپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزلەپ، ئىدىيەدە ئالايمىقان بولماي، قوشۇنى چېچۇۋەتمەي، خىزمەتنى ئۈزۈپ قويماي، غەيرەتنى بوشاشتۇرماي، بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىلا تۈرلۈك ۋەزىپىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىدى. بۇ، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا ھاسىل بولغان ياخشى سىياسىي ئېففېكتنى تولۇق ئەكس ئەتتۈردى، پارتىيەنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلدى».

«تىكلىمگۈچە قالدۇرماسلىق، ئالدى بىلەن تىكلەپ ئاندىن قالدۇرۇش» بۇ قېتىمقى ئاپپارات ئىسلاھاتىدىكى بىر تۈرلۈك قىممەتلىك تەجرىبە. جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش مىنىستىرلىقى 13 تارماق ۋە ئورۇننىڭ مۇناسىۋەتلىك فۇنكسىيەسىنى بىرىكتۈردى. ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى ئوت مۇداپىئە ـ قۇتقۇزۇش ئىدارىسىنىڭ باش ئىنژېنېرى جوۋ تيەن مۇنداق دېدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ۋە ئىلمىي بىرتۇتاش پىلانلىشى ئىسلاھاتنىڭ بەلگىلەنگەن لىنىيە خەرىتىسى، ۋاقىت جەدۋىلى بويىچە تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلىشى، تۈرلۈك خىزمەتنىڭ تەكشى، مۇقىم جىپسىلىشىشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

ئەلرايى مۇقىم بولسا، ئىسلاھات ئالغا باسىدۇ، ئەلرايى مايىل بولسا، ئىسلاھات ئىشقا ئاشىدۇ.

«باش شۇجى، ئاڭلىق ھالدا ئومۇمىي ۋەزىيەت ئاساسىدا پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئومۇمىي ۋەزىيەت ئاساسىدا ھەرىكەتكە كېلىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.» دۆلەت باج باش ئىدارىسى كۈنمىڭ شەھىرى پەنلۇڭ رايونلۇق باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى چېن پېڭ مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىمقى ئاپپارات ئىسلاھاتىدا دۆلەت بېجى، يەرلىك باج سىستېمىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، يېرىمغا يېقىن مەھكىمە، ئىدارە دەرىجىلىك ئاپپارات ئىخچاملاندى، جۈملىدىن مېنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 22 مىڭدىن ئارتۇق رەھبىرىي كادىر ‹بىرىنچى قول›دىن ‹مۇئاۋىن›غا ئۆزگەردۇق. دەسلەپتىكى چۈشكۈنلۈكتىن ناھايىتى تېزلا يېڭى خىزمەتكە كىرىشكىچە، بىز شەخسنىڭ ‹ۋاز كېچىشى› بەدىلىگە ئىسلاھاتتا ‹نەتىجە›گە ئېرىشىپ، سىياسىي سىناقلارغا بەرداشلىق بەردۇق، كەلگۈسىدىمۇ باش شۇجىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايمىز».

## ■ نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەيدىغان، قېلىن مۇزنى يارىدىغان، يىراق كەلگۈسىنى كۆزلەيدىغان بىر مەيدان ئۇزاققا سوزۇلغان جەڭ

ھەرقايسى جايلاردىكى كادىرلار، ئامما، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا قايتا ئاتلىنىش سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى چىقاردى، دەپ بىلدۈرۈشتى.

«ئالدى بىلەن شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىسلاھات مۇددىئاسىغا بولغان چۈشىنىش ۋە تونۇش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاڭلىقلىقى، قەتئىيلىكىنى ئۆستۈرۈش كېرەك» دېدى چۇڭچىڭ شەھەرلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى ئىلمىي سوتسىيالىزم ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جياڭ يىڭجوۋ.

«شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنى مىسال قىلساق، قارىمىقىدىكى بۆلۈملەرنى ئىخچاملاپ، ئەلالاشتۇرۇپ، ھەممىسىدە قوش يۆنىلىشلىك تاللاش، رىقابەت بىلەن ئىش ئورنىغا چىقىشنى يولغا قويۇپ، ئىش قىلىشنى ئويلايدىغان، ئىش قىلالايدىغان كادىرلارنى قابىلىيىتىنى نامايان قىلىدىغان سەھنىگە ئىگە قىلىپ، پارتىيەنىڭ تەشۋىقات، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا بولغان بىرتۇتاش رەھبەرلىكنى تېخىمۇ ياخشى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.» يۈننەن چۈجىڭ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاۋ جېڭفۇ مۇنداق دېدى: چۈجىڭ كۆپ تۈرلۈك ئاپپارات ئىسلاھاتى يانداش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېڭى دەۋر ئېھتىياجىغا ماسلاشتى.

ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنىڭ ئارزۇسىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇپ، مۇلازىمەت كاپالىتىنى ياخشى قىلىپ، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنىڭ شەرەپ تۇيغۇسى، ئېرىشىش تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرىمىز.

ئىسلاھاتتا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى ئادەمدە. باش شۇجى شى جىنپىڭ سۆزىدە مۇنداق كۆرسەتتى: ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىش قابىلىيىتىنى كۈچەيتىپ، يېڭى ئاپپارات، يېڭى فۇنكسىيە ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى تەلەپلەرنى توغرا ئىگىلەش كېرەك.

گۇيجوۋ ئۆلكىسى زۈنيى شەھىرى بوجوۋ رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى ئېكولوگىيەلىك ئاھالە كۆچۈرۈش بۆلۈمىنىڭ 31 ياشلىق خىزمەتچى خادىمى جوۋ يۈڭتاۋ بۇ سۆزنى ئۆزىنىڭ خىزمەت دەپتىرىگە ئالاھىدە خاتىرىلىۋالدى. بۇ ئايدا ئۇ بوجوۋ رايونى پىڭجېڭ گىلاۋزۇ يېزىسىنىڭ تۇەنجيې كەنتىگە بېرىپ كەنتتە تۇرىدۇ.

بۇ قېتىمقى ئاپپارات ئىسلاھاتىدا، بوجوۋ رايونى ئەسلىدىكى سۇ ئامبىرى ۋە ئېكولوگىيەلىك ئاھالە كۆچۈرۈش ئىدارىسىنى نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىغا ئومۇمىي جەھەتتىن ئايرىپ بېرىپ، نامراتلارنى زور كۆلەمدە يۆلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تۈزۈلمە ـ مېخانىزم كاپالىتىگە ئىگە قىلدى، شۇنداقلا كادىرلارنىڭ ئىقتىدارىغا يېڭى تەلەپلەرنى قويدى.

«تۇەنجيې كەنتى بۇ يىل ئېغىر نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاشنى پىلانلىدى، كېيىنكى قەدەمدە قانداق قىلغاندا كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەپ پۈتۈن كەنتنىڭ قىياپىتىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتكىلى، ئۆزىنىڭ قان ئىشلەش مېخانىزمىنى ئۇرغۇتقىلى بولىدۇ، مېنىڭ ئۆگىنىشكە ۋە ئۆستۈرۈشكە تېگىشلىك جايلىرىم يەنە نۇرغۇن» دېدى جوۋ يۈڭتاۋ.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

# ئاپپارات ئىسلاھاتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شۇنى جەزمەن تونۇپ يېتىش كېرەككى، پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكى پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى، پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى باش ۋەزىپە؛ ئەلالاشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلىش پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسىي تەلىپى، شۇنداقلا ئىسلاھاتنىڭ كۆزلىمە نىشانىغا يېتىش ـ يەتمەسلىكىنى دەڭسەشتىكى مۇھىم ئۆلچەم. پارتىيەنىڭ بارلىق خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشنى ئىسلاھاتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە ۋە پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ چوڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى تەشكىلىي ئاپپارات جەھەتتىن جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە فۇنكسىيەسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرغاندىلا، پارتىيەنىڭ يۆنىلىشنى ئىگىلەش، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزلەش، سىياسەت بەلگىلەش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىقتىدارى ۋە ئىرادىسىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى ۋە دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ئاپپارات ئىسلاھاتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەشتە، يەتتە جەھەتتىكى كونكرېت ۋەزىپىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئېنىق قىلىپ مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: پارتىيەنىڭ مۇھىم، زور خىزمەتلەرگە بولغان رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ فۇنكسىيەسىنى بىرتۇتاش پىلانلاشنى كۈچەيتىش، ئاپپاراتلارنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، مەركەز ۋە يەرلىكنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش، مۇناسىۋەتلىك يانداش ئىسلاھاتلارنى ئالغا سىلجىتىش، ئاپپارات ئىشتاتىنى قانۇندا بەلگىلەشنى ئالغا سىلجىتىش، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىش قابىلىيىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇ يەتتە جەھەتتىكى كونكرېت ۋەزىپە پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى «كېيىنكى باسقۇچتىكى ئىشلار»، ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىنكى ئاپپارات فۇنكسىيەسىدە «خىمىيەلىك رېئاكسىيە» پەيدا قىلىشتىكى مۇھىم نۇقتا. بۇ، يېڭى ئاپپارات، يېڭى فۇنكسىيە ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى تەلەپلەرنى توغرا ئىگىلەپ، دىققەتنى ئاساسىي مەسئۇلىيەت، ئاساسىي كەسىپكە مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇھىم نۇقتا، ئاچقۇچنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاڭلىق ھالدا ئومۇمىي ۋەزىيەت ئاساسىدا پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئومۇمىي ۋەزىيەت ئاساسىدا ھەرىكەتكە كېلىپ، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجىنى زىچ چۆرىدەپ ۋەزىپىنى ياخشى ئادا قىلىش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ياخشى ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھازىر قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى ئاڭلىق ھالدا ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاشقا تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، خەلقنىڭ مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان سىياسىي پەزىلەتنى تاۋلاپ، پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان، جاسارەتلىك ـ يارامىلىق بولىدىغان كۈرەش ھالىتى ۋە قانچە جاپالىق، خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش روھىنى ساقلاپ، مىخ قېقىش روھى بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك.

بىزنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى باش نىشانىمىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشتىن ئىبارەت. پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: 2020 ـ يىلغا بارغاندا، مۇھىم ساھەلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتتا ھەل قىلغۇچ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، سىستېمىسى مۇكەممەل، ئىلمىي قېلىپلاشقان، يۈرۈشۈشى ئۈنۈملۈك بولغان تۈزۈم سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈملەرنى تېخىمۇ پىشىپ يېتىلدۈرۈش، تېخىمۇ مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ئورۇنلاشتۇرۇلما قىلىنغان ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت ھازىرلىدى. بىز ۋەزىيەتكە بېقىپ ئىش كۆرۈپ، بارلىق كۈچلەرنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇپ، داۋاملىق قاتتىق جەڭ قىلىپ، ئەڭ قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ مۇھىم ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتتا بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈملەرنى تېخىمۇ پىشىپ يېتىلدۈرۈش، تېخىمۇ مۇقىملاشتۇرۇش، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا تېخىمۇ مەزمۇت قەدەم تاشلىشىمىز كېرەك.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

# ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنجاڭ ساياھەت مەبلەغ سېلىش باشقۇرۇش چەكلىك شىركىتى، غەربىي يۇرت ساياھەت تەرەققىيات پاي چەكلىك شىركىتى قاتارلىق تەشكىلاتلار ۋە ساياھەت كارخانىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سۆز قىلىپ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرنى تونۇشتۇردى.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شۆھرەت زاكىر مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش+1+3+3» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە ساياھەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ساياھەت بايلىقى چوڭ رايوندىن ساياھەت ئىقتىسادى كۈچلۈك رايونغا ئۆزگىرىشنى تېز ئىشقا ئاشۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇش كېرەك. ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى، شىنجاڭنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنىڭ ئېھتىياجى. ئاڭلىقلىق، قەتئىيلىك ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى ئورۇنلاشتۇرمىسى ـ تەلەپلىرى بويىچە، تىرىشىپ ساياھەتچىلىكنى شىنجاڭنىڭ ئەڭ زور يوشۇرۇن كۈچكە ۋە بىر قەدەر ئەۋزەللىككە ئىگە ئىستراتېگىيەلىك تۈۋرۈك كەسپكە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى ھەم مۇناسىۋەتلىك تارماقلار مەۋقەنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىغا قويۇپ، يېڭى پۇرسەتنى ئىگىلەپ، باشتىن ـ ئاخىر دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، يېشىل تەرەققىيات، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپىنى پۇختا ئىگىلەپ، يېڭى بۇرچ، يېڭى مەسئۇلىيەت، يېڭى نەتىجە ئارقىلىق، مەدەنىيەت بىلەن ساياھەتنى چوڭقۇر يۇغۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئىشنى ياخشى قىلىش كېرەك. ھەم ئۆز ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، «يۇقىرى دەرىجىلىك، خاس، ئېسىل» تەرەققىيات ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، ھەم رايون خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قېزىش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مەدەنىيەت ئامىللىرى بىلەن ساياھەت بايلىقىنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچقا سېلىشتۇرۇپ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ، ئىدىيەدىكى نېگىزلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، مەدەنىيەت بىلەن ساياھەتچىلىكنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش جەھەتتە ياخشى تەدبىر، ئەسقاتىدىغان چارە كۆرسىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنى تەدبىر بەلگىلەش پايدىلانمىسى بىلەن تەمىنلەپ، شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىگە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن كۈچ قوشۇشى كېرەك. ساياھەتچىلىكنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىدىكى بوغما ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، «شىنجاڭ ياخشى جاي» سۈپەتلىك ماركىسىنىڭ نامىنى تونۇتۇپ، ساياھەتچىلىكنىڭ زور تەرەققىياتى، تېز تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز بىللە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.